# «يۇقۇم»غا قارشى جەڭدىكى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئاشۇ سىمالار

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋۇ لىغا ئوخشاش ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىگە كۈچ قوشۇۋاتقان ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار تولىمۇ كۆپ.

«ياخشىمۇ سىز، مەن مەھەللە كادىرى، يېقىندا يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنى بىلەمسىز؟ ئۆيىڭىزدىكىلەر ئارىسىدا قىزىش، يۆتىلىش، ئىچى سۈرۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدىمۇ؟ ئەگەر ئۆيىڭىزدىكىلەر ئارىسىدا ئىچكىرى رايونلاردىن قايتىپ كەلگەن ياكى قىزىپ قالغان كىشىلەر بولسا چوقۇم يوشۇرماسلىقىڭىز كېرەك...» ھەر كۈنى تېلېفون قىلىپ ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈش قۇتۇبى ناھىيەسى قۇتۇبى بازىرى مېيخۇا مەھەللىسىنىڭ كادىرى ئېرتاي ماۋۋقان چوقۇم قىلىدىغان خىزمەت.

ئېرتايغا ئوخشاش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولىدىغان ۋاقىتتىن ۋاز كېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، «ۋاكالەتەن سېتىۋالغۇچى» «كۆكتات يەتكۈزگۈچى» «چوڭ كاناي»غا ئايلىنىپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ئىنچىكە، پۇختا ئىشلىدى.

«ئامال بار سىرتقا ئاز چىقىڭلار، ئادەم توپلاشقان سورۇنلاردا ماسكا تاقاڭلار.» مۇشۇ كۈنلەردە، يېڭىسار ناھىيەسى يېڭىسار بازىرى بەخت مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئايتىللا ئېزىز بىر تەرەپتىن تەشۋىقات ئېلانى چاپلاپ، بىر تەرەپتىن ئاھالىلەرگە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى.

ئايتىللا مۇنداق دېدى: بەزى ياشانغانلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئېڭى بىرقەدەر سۇس، ئاجىز. بۇنىڭغا قارىتا، بىز دەرھال مەھەللە كادىرلىرى، تەۋەلىك ساقچىلىرى، مەھەللە سەھىيە ۋە ئۆي - مۈلۈك خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئاھالىلەرگە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۇچۇرلىرى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، مەھەللە، بىنا، ئائىلىلەرنى تولۇق قاپلاپ، قەتئىي يوچۇق قالدۇرمىدۇق.

«بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باشلامچىلىق بىلەن ئىش ئورنۇمدا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىم كېرەك» دېدى ئايتىللا.

مېھىر - شەپقەتلىك ئىئانە

### يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ «ئىللىق» سىما

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئەۋلىيا يېزىسى توسۇن كەنتىدىكى 62 ياشلىق چارۋىچى بېكىن قۇرمانبېك ئۈندىدار ئارقىلىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قەيسەر داۋۇتقا 10 مىڭ يۈەن يوللاپ بەردى ھەم «بۇ مېنىڭ ۋۇخەنگە ئىئانە قىلغان ئازراق كۆڭلۈم» دېگەن بىر جۈملە خەتنى يېزىپ قويدى.

«سۇ ئىچكەندە تاغ بۇلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، گۆش يېگەندە ئوتلاقنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، ئادەم بولۇشتا ئاتا - ئانىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى بىز چارۋىچىلارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈردى، پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا بارلىق كۈچۈمنى چىقىرىمەن» دېدى بېكىن.

ئوخشاش ۋاقىتتا، ئالتاي شەھىرىنىڭ ئالاقاق بازىرى ئۇيماق كەنتىدىكى «تۇز كۆلى نانلىرى» ناۋايخانىسىدا، ناۋاي ئۇستام بارات يۇنۇس بىلەن ئۇيماق كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ياڭ جۈنفېڭ ئالدىراش ئىدى. ئۇلار خېمىر يۇغۇرۇپ، نان يېقىپ، خالتىغا قاچىلاپ، چۈشكىچە 50 ناننى ئالاقاق بازارلىق شىپاخانىغا يەتكۈزۈپ بەردى، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار ئالاقاق بازارلىق ساقچىخانا، ۋەزىپە ئۆتەش نۇقتىسى ۋە قاتناش ساقچى ئەترىتىگە 250تىن ئارتۇق مېھىر - شەپقەت نېنى ئىئانە قىلغانىدى.

«بىز ياققان نانلارنىڭ بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان خادىملارغا ئازراق بولسىمۇ ئىللىقلىق يەتكۈزەلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن داۋاملىق ھەر كۈنى نان ياقىمەن، يۇقۇمنى بالدۇرراق يېڭىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى بارات.

نان، تۆگە سۈتى، سۇيۇقئاش... يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، تيانشاننىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ھەر ساھە زاتلار، ھەر مىللەت ئامما ئۆزلۈكىدىن پۇل، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىپ، مېھىر - شەپقىتى ئارقىلىق ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇردى.

پىدائىيلار مۇلازىمىتى

### يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ «سۆيۈملۈك» سىما

ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان خادىملارنىڭ قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، ھەربىر ئادەم ۋە ئاپتوموبىلنىڭ ئۇچۇرىنى تەپسىلىي تىزىملاش، يولۇچىلارنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشكە ياردەم بېرىش... بۇ، پىدائىي يۈەن باۋچېڭنىڭ يېقىنقى كۈنلەردىكى ئۇلانباي جامائەت خەۋپسىزلىكى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن نۇقتىسىدىكى كۈندىلىك خىزمىتى.

بۇ يىل 29 ياشقا كىرگەن يۈەن باۋچېڭ ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى)دىكى بىر يەككە تىجارەتچى. 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سەھەردە، ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتقان ئۇ پىدائىي قوبۇل قىلىش ئۇچۇرىنى كۆرۈپ، بىرىنچى ۋاقىتتا تىزىملاتتى. بىرتۇتاش تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا ئىش ئورنىغا چىقتى.

«پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ بىرىنچى سەپكە ئاتلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى تەسىرلەندىم. بىر ئىتتىپاق ئەزاسى بولغان ياش بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ قېتىمقى چاغاندا ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردىن كەلگەن پىدائىيلار بىلەن بىللە ‹يۇقۇم›غا قارشى جەڭ قىلغانلىقىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن» دېدى يۈەن باۋچېڭ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى شىنجاڭدىكى ياشلارغا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىدائىيلىرىنى قوبۇل قىلىش ئېلانىنى چىقارغاندىن بۇيان، يۈەن باۋچېڭغا ئوخشاش، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 20 مىڭغا يېقىن پىدائىي تيانشاننىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە مۇلازىمەت قىلىۋاتىدۇ.

«ۋەي! ياخشىمۇسىز، مەن پىسخىكا يېتەكچىسى ما شياۋلى، سىزگە قانداق ياردىمىم كېرەك؟» 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەتىگەندە، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ بۇرۇلتوقاي بازىرى خەلق يولى مەھەللىسىنىڭ مەھەللە خىزمىتى مەركىزىدىكى پىسخىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش تېلېفونى سايراپ توختىمىدى.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىماللىقى بولغان پىسخىكا مەسىلىلىرىگە قارىتا، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى پىسخىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش كەسپىي سالاھىيىتىگە ئىگە، خىزمەت تەجرىبىسى مول 32 نەپەر پارتىيە ئەزاسى - كادىرنى قوبۇل قىلىپ، «پىسخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش پىدائىيلار ئەترىتى» تەشكىللەپ، يىراق مۇساپىلىك سىن، تېلېفوندا پاراڭلىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ياردەمگە ئېھتىياجلىق كىشىلەرنى پىسخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامما سىرتقا چىققاندا گىرەلەشمە يۇقۇملىنىپ قېلىش خەتىرىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى پارتىيە ئەزالىرى مۇلازىمەت نۇقتىسىدىن 210نى تەسىس قىلىپ، كەنت دوختۇرى، خەلق(ياردەمچى) ساقچىسى، كەنت(مەھەللە)نى ھۆددىگە ئالغان كادىر قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ «كۆك - تاق» پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىدىن 540نى قۇرۇپ، تەۋەلىك رايوندىكى ئامما زاكاز قىلىش، پارتىيە ئەزالىرى مۇلازىمەت نۇقتىسى زاكازنى قوبۇل قىلىش، پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى زاكازنى يەتكۈزۈپ بېرىش شەكلى ئارقىلىق، ئامما ئۈچۈن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش، سۇ، توك ھەققىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش قاتارلىق پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

**(مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، گې يوۋجۈن، رايىدە، جاڭ تىڭ، خەن چىنيەن، جەزىرە نېسىپبېك، مېھرىگۈل ناسىر، جۇ جيەنخۇي، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز لى ۋېنلۇڭ، خۇ جۈنشيۇ، چېن جىڭ، جۇڭ گەيچېڭ، جى سۈنلى، شۇڭقار جۇمەغازى يازغان)**

(بېشى 1 - بەتتە)

مىكروئورگانىزم تەكشۈرۈش تېخنىكىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئارقا سەپ كاپالىتى قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش گۇرۇپپىلىرى گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ نۆۋەتلىشىپ ئىشلىدى.

بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان مۇداپىئە كىيىمى، ماسكا، كۆز ئاسراش ئەينىكى، يۆتكەپ تەڭشەش جەدۋىلى... شۇ كۈنى سائەت 6لەر ئەتراپىدا، بۇ مەركەزنىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش مەركىزىدە، 1 - تارقىلىشچان كېسەللەر ئىلمىي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لۇ ياۋچىن ۋە گۇرۇپپا ئەزالىرى N95 ماسكىسى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى تەكشۈرۈپ ھېسابىنى ئېلىۋاتاتتى، ھەر كۈنى بىر قېتىم ماددىي ئەشيالارنى تەكشۈرۈپ ھېسابىنى ئېلىش بىر مەيدان يۇقۇم بىلەن مۇسابىقىلىشىشنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تارقىلىشچان كېسەللەرنى ئىلمىي تەكشۈرۈش يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى مۇھىم ۋاستە. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، لۇ ياۋچىن ۋە بۇ مەركەزدىكى 35 خىزمەتچى خادىم 12 تارقىلىشچان كېسەللەر ئىلمىي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، 24 سائەت نۆۋەتلىشىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئايرىش رايونىدا ئالدىراش يۈرۈپ، ئاغرىقلارغا يېقىن ئارىلىقتىن يۈزلىنىپ، ئۇلارنىڭ كېسەل قوزغىلىشتىن ئىلگىرىكى 14 كۈنلۈك كېسەل كۆرستىش ئۇچۇرى، ئاشكارا ئۇچۇرى، سەپەرگە چىقىش ئۇچۇرى، ئۇچراشقان كىشىلەر قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ سوراپ تەكشۈردى.

«ئايرىۋېتىش كېسەلخانىسىغا كىرىشتە خەتەر بولسىمۇ، جەزمەن ئاتاكىغا ئۆتمەي بولمايدۇ، ئالدىنقى شەرت شۇكى، شەخسىي مۇداپىئەنى ياخشى قىلىش كېرەك.» لۇ ياۋچىن مۇنداق دېدى: ھەر قېتىم تەكشۈرگەندە كەم دېگەندىمۇ بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇچۇرلارنى ئېنىق، توغرا تېپىپ، ھەرقانداق گۇمانلىق ھالقىنى قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئۇچۇرلارنى توپلىغاندىن كېيىن، ئۇچۇرلارنى ئۇنۇۋېرسال ئانالىز قىلىپ، ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈپ، تارقىلىشچان كېسەللەرنى ئىلمىي تەكشۈرۈشكە قارىتا رولى بار - يوقلۇقىنى ئايرىش كېرەك.

بۇ يىل 38 ياشقا كىرگەن لۇ ياۋچىن ئىككى بالىنىڭ دادىسى بولۇپ، بەزىدە بىر كۈننىڭ ئىچىدە بەش - ئالتە گۇمانىي ئاغرىق بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئورۇنسىز خەۋپ - خەتەر ئېلىپ كەلمەسلىك ئۈچۈن، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن ئىدارىسىدە ئۇخلىدى.

سائەت 12دە، قىسقىغىنا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەھلىل قىلىش يىغىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى گاۋ فېڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ، رايون، ناھىيەلەرگە بېرىپ يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرىنى تەربىيەلىدى. يېقىنقى ئون كۈندىن بۇيان، گاۋ فېڭ ئىدارىنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆيىگە قايتىپ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇش - يۇيۇنۇشتىن باشقا، ئىزچىل ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇش بىلەن بولدى، ھارغاندا، چارچىغاندا ئىشخانىدا ئازراق كۆز يۇمۇۋالدى، بەزىدە بىر كۈندە پەقەت ئىككى سائەتلا ئۇخلىدى.

«ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىدىكى خوتۇنىمۇ مەھەللە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەۋاتقاچقا، 12 ياشلىق قىزىنى ئاتا - ئانىسىغا ھاۋالە قىلدى، بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جان ئاساسەن تېلېفون ئارقىلىق قىسقىغىنا ئالاقە قىلىشىدۇ.

سائەت 18دە، بۇ مەركەزنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى فەن شۈجېڭ تولۇق قوراللىنىپ، ۋىرۇس تەجرىبىخانىسىدا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇ ئورۇن يۇقۇمغا ئەڭ يېقىن جاي، پۈتۈن شەھەردىكى گۇمانىي ئاغرىقلار، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يەتكۈزۈلۈپ تەكشۈرۈپ - ئۆلچىنىدۇ. ئەۋرىشكىنى ئېچىشتىن نۇكلېئىك كىسلاتاسى ئايرىۋېلىشقىچە، يەنە يالتىراق نۇرلۇق PCRدا تەكشۈرۈپ - ئۆلچەشكىچە، بىر قېتىملىق مۇكەممەل تەكشۈرۈش - ئۆلچەش جەريانىغا ئادەتتە ئاز دېگەندىمۇ تۆت سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.

تەجرىبىخانىدىن چىققان چاغدا، فەن شۈجېڭ قېلىن مۇداپىئە كىيىمى كىيىۋالغاچقا پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ كەتكەنىدى، يۈزىنى ماسكا بوغۇپ تال - تال سىزىق چىقىرىۋەتكەنىدى. فەن شۈجېڭ مۇنداق دېدى: بىر مىنۇت بۇرۇن ئېنىق دىياگنوز قويۇلسا، گۇمانىي ئاغرىقلار بىر قەدەم تېز داۋالىنىدۇ ۋە ئايرىۋېتىلىدۇ، يۇقۇمنىڭ يەنىمۇ تارقىلىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئەۋرىشكە مەيلى قايسى ۋاقىتتا كەلسۇن، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش خادىملىرى جەزمەن بىرىنچى ۋاقىتتا تەكشۈرۈپ - ئۆلچەيدۇ. «دائىم تەجرىبىخانىدا ۋىرۇس بىلەن ھەپىلەشسەڭلار قورقامسىلەر؟» «قورقىمىز، لېكىن مەن تەجرىبىخانا تېخنىكى، ۋىرۇس بىلەن ھەپىلىشىپ، ئۇلارنى يېڭىش مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم» دېدى فەن شۈجېڭ. بۇ چاغاندا، فەن شۈجېڭ ئەسلىدە ئىچكىرى رايونغا قايتىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن جەم بولۇشقا تەييارلىق قىلغانىدى، يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۇ بىرىنچى ۋاقىتتا بىلەتنى قايتۇرۇپ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئاتلاندى. بۇ خۇددى ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن قەسەمياد يىغىنىدا قىلغان جاراڭلىق قەسىمى: «پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى قەتئىي توسۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشىمىز!» دېگىنىدەك بولدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

### كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش   غاز بېقىش كەسپىي ئائىلىسىگە ئايلىنىش

مەمەتئېلىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى قورۇنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشىمىز بىلەن، ھەممىلا يەردە ئايىغاق غازلار «غاق - غاق» قىلىپ غاقىلدىشىپ يۈرەتتى. ئادەم كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر توپ غاز ياخشى يەم بېرەمىكىن دەپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. مەمەتئېلى غازلارغا قاراپ: «بايىلا يەم بەردىمغۇ، يەنە قورسىقىڭلار ئاچتىمۇ؟ ھۇ ئاچ كۆزلەر!» دەپ ۋارقىرىدى، بىر توپ غاز مەمەتئېلىنىڭ پۇتىنى چۆرىدەپ، ئۇنى خۇش قىلىۋەتتى.

2018 - يىلى 8 - ئايدا، مەمەتئېلى تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاغىنىسى بىلەن شېرىكلىشىپ غاز باقتى. ئاغىنىسى ئاساسلىق مەبلەغ سالغۇچى بولۇپ، 1200 غاز چۈجىسى سېتىۋالدى، مەمەتئېلى بېقىشقا مەسئۇل بولدى، ئىككى تەرەپ پايدىنى تەڭ بۆلۈشىدىغان، ئاغىنىسى ھەر ئايدا ئۇنىڭغا يەنە 5000 يۈەن مائاش بېرىدىغان بولدى. بۈگۈنكى كۈندە يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، غاز چۈجىلىرى خېلىلا چوڭ بولدى، يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن پايدا ئالغىلى بولىدۇ.

«غاز بېقىش بىر تۈرلۈك سېلىنمىسى ئاز، مۇددىتى قىسقا، ئۈنۈمى تېز، پايدىسى يۇقىرى باقمىچىلىق تۈرى.» مەمەتئېلى مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: غازنى چۈجە ۋاقتىدا باقماق تەس، بەدىنىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى بىرقەدەر ئاجىز، مۇبادا يەم ۋە سۇ بېرىشتە ياخشى پەرۋىش قىلىنمىسا، ئۆلۈش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ. غازلارنى ياخشى بېقىش ئۈچۈن، مەن تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ تېخنىكا ئۆگىنىپ، تەجرىبىلىك كىشىلەردىن تەلىم ئالدىم، كىتابتىن، توردىن ماتېرىيال ئاختۇرۇپ، ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق، مەن باققان غازلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 80%تىن ئاشتى. ھازىر مەمەتئېلى شۇ جايدىكى غاز بېقىش ماھىرى بولۇپ قاپتۇ.

غاز تۇخۇمى سېتىش خوتەن ۋىلايىتىدىكى غاز بېقىشتىن كىرىدىغان ئاساسلىق پايدا. مەمەتئېلى مۇنداق ھېسابات قىلىپ بەردى، بىر تال غاز تۇخۇمىنى ئون يۈەن ئەتراپىدا ساتقىلى بولىدۇ، مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا بىر كۈندە 300دىن 500گىچە غاز تۇخۇمى ئالدۇق دېسەك، يەم قاتارلىق تەننەرخنى چىقىرىۋەتكەندە، پايدىسى خېلىلا كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

### بىلىم ئۆگىنىش   ئەسەبىي ئىدىيەنى تەلتۆكۈس چۆرۈپ تاشلاش

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەمەتئېلى داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇماي، ئاغىنىسىگە ئەگىشىپ تىجارەت قىلىشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. تىجارەتنى تېخىمۇ ياخشى قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئوخشاش بولمىغان ساھەدىكى نۇرغۇن ئادەم بىلەن تونۇشتى. بىر قېتىم ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە تاماق يەۋاتقاندا، شۇ ئۈستەلدىكى بىرەيلەن مەمەتئېلىگە مۇنداق دېدى: «ھەقىقىي مۇسۇلمان» نۇرغۇن «تەپسىلات»قا دىققەت قىلىشى كېرەك. مەسىلەن، باشقا مىللەت كىشىلىرى ئاچقان ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېسەڭ بولمايدۇ، خوتۇنۇڭنى ياخشى باشقۇرۇشۇڭ كېرەك، ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىشىغا، قىسقا كۆڭلەك كىيىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقىڭ، تېخىمۇ مۇھىمى خوتۇنۇڭنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشىگە يول قويماسلىقىڭ كېرەك.

مەمەتئېلى ئەينى ۋاقىتتا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى، بىراق ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى مۇنداق دېدى: «ئۇ ئادەمنىڭ دېگىنى ئورۇنلۇق، مەن خوتۇنۇمنى ياخشى باشقۇرالمىدىم، بۇنداق بولغاندا مەن ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرەلمەيمەن، ئىنىم سەنمۇ سەل دىققەت قىل.» دائىم مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ مەمەتئېلى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، ئىلگىرى بىللە يىغىلىپ ھاراق ئىچىشىدىغان ئاغىنىلىرىدىن يىراقلىشىشقا باشلىدى؛ خوتۇنىنى سىرتقا چىقىپ ئىشلىگىلى قويمىدى، خوتۇنىنى گىرىم قىلىپ ياسانغىلىمۇ قويمىدى؛ بالىلىرىغا سىرتتىكى نەرسىلەرنى يېگۈزمىدى؛ باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قاقتى، ئىلگىرىكى ناھايىتى يېقىن كىشىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ پەرۋا قىلمىدى؛ ناخشا ئېيتمىدى، ئۇسسۇلمۇ ئوينىمىدى...

بىر كۈنى، مەمەتئېلى ئاغرىپ قالغان دادىسىغا دورا ئېلىپ كېتىۋېتىپ، كەنت كومىتېتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئىختىيارسىز بىر كۆرگەزمە تاختىسىغا كۆزى چۈشتى، كۆرگەزمە تاختىسىدا ئۆزىنى «ھەقىقىي مۇسۇلمان» دەپ ئاتىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنى قالايمىقان ئۆلتۈرگەن سۈرەتلەر بار بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ، باشقا مىللەتلەرمۇ بار ئىدى. مەمەتئېلى سۈرەتلەردىن چۆچۈپ كەتتى، ئۇ كۆڭلىدە: بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەنلەر يەنە جەننەتكە كىرەلەرمۇ؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ گاڭگىراپ، قايمۇقۇپ قالدى ھەم ئۆزىنىڭ خىيالىنى دادىسىغا ئېيتتى، دادىسى ئۇنىڭغا كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىش تەكلىپىنى بەردى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەمەتئېلىنىڭ ئۇچراشقان، ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھەيران قالدۇردى، تۇرمۇش ئۇنىڭغا يېڭى بىر دەرۋازا ئېچىپ بەردى. دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ئىقتىدارى كەمچىل بولغان ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئارقىلىق سەۋىيەسى خېلىلا ئۆستى. ئىلگىرى سودا قىلغاندا پۈتۈڭخۇانى بىلمىگەچكە ناھايىتى كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرگە ئۇچرىغانىدى، ھازىر بۇ جەھەتتە چاتاق يوق. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى بىلدى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئېلىپ كەلگەن خەۋپنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

### مەڭگۈ پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭغاندىلا، بەخت ئاندىن ئەگىشىپ كېلىدۇ

تەربىيەلىنىشنى تۈگىتىپ كەنتكە قايتقاندىن كېيىن، مەمەتئېلى بىرەر سودا قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەن ۋاقىتتا، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرلىرى ئۆيىگە ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن ياش، كاللاڭ ئىشلەيدۇ، ئۆزۈڭمۇ ئىشچان، بىزنىڭ بۇ يەردە غاز تۇخۇمىنىڭ سېتىلىشى ياخشى، باھاسىمۇ يۇقىرى، سەن ياخشىسى غاز باققىن.» ئۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، غاز بېقىشقا باشلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، مەمەتئېلى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن غاز بېقىشقا كىرىشىپ كەتتى، بۇ غازلار ئۇنىڭ باللىرىغا ئوخشايدۇ، ھەر كۈنى كۆڭۈل قويۇپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ئۇ بىر كۈندە ئۈچ قېتىم قەرەللىك يەم بېرىدۇ، يەنە ھەربىر غازنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆزىتىدۇ. قايسىسىنىڭ يەمنى بەكرەك تالىشىپ يەيدىغانلىقى، قايسىسىنىڭ ئاجىزراق ئىكەنلىكى مەمەتئېلىنىڭ كۆڭلىگە ئىنتايىن ئايان.

غاز بېقىشتىن سىرت، ئۇ يەنە خوتۇنىنى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. خوتۇنى ھازىر بىر كىيىم - كېچەك دۇكىنىدا كىيىم سېتىپ، ھەر ئايدا 3000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدۇ. مەمەتئېلى خوتۇنىغا مۇنداق دېدى: «سىز ھەر كۈنى چىرايلىقراق كىيىنىپ يۈرۈڭ، بولمىسا باشقىلارغا كىيىمنى قانداق ساتىسىز؟»

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەمەتئېلىنىڭ ئوي - خىيالى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى، ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «گۈزەللىكنى سۆيۈش ئادەمنىڭ تەبىئىتى، ھەممە ئادەم چىرايلىق ياسىنىشنى ياقتۇرىدۇ. خوتۇنۇم چىرايلىق بولسا، ئۇ خۇشال بولىدۇ، مەنمۇ خۇشال بولىمەن».

ھازىر مەمەتئېلى بىر ئائىلە كىشىلىرى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايدۇ، ئۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى. چاغان مەزگىلىدە، مەمەتئېلى يەنە يېڭى تونۇشقان خەنزۇ ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە جياۋزى تۈگۈپ، چۈنلىيەن چاپلاپ، خۇشال - خۇرام ھالدا بىر قىزغىن چاغاننى ئۆتكۈزدى. «دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئاغزىدىكى ‹جەننەت›نىڭ نېمىلىكىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان. مېنىڭچە پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، مەڭگۈ پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭساقلا، بەخت ئاندىن ئەگىشىپ كېلىدۇ» دېدى ئۇ.